# «ئەۋلاد ئىملا» تەكشۈرۈش دېتالى ئىشلىتىش قوللانمىسى

### ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك قەلەمكەش قېرىنداشلىرىم

«ئەۋلاد ئىملا» دېتالىنى چۈشۈرۈپ ئىشلەتمەكچى بولغىنىڭىز ئۈچۈن سىزنى تەبرىكلەيمىز. ئەرەب يېزىقىنى ئاساس قىلىدىغان ئۇيغۇر كونا يېزىقىمىزدا يازماقچى بولغان كىتاب، ماقالە، خەۋەر ۋە ئوبزورلىرىڭىزنى ئەڭ توغرا رەۋىشتە ئىپادىلەش ئارقىلىق يوقۇتۇلۇشقا مەھكۇم قىلىنىۋاتقان ئانا تىلىمىزنى ساقلاپ قېلىشىمىزغا تۆھپە بولۇشنى ئۈلۈغ ئاللاھدىن سورايمىز.

«ئەۋلاد ئىملا» تەكشۈرگۈچ دېتالى، مىكروسوفت ئوفىس ۋورد (Microsoft Office Word) مۇھىتىدا ئىشلەيدىغان دېتالدۇر.

بۇ دېتال، ئەۋلاد گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن تەييارلانغان بولۇپ، ھەقسىز تارقىتىلىدى.

سۆزلۈك ئامبىرى 500 مىڭدىن ئاشىدۇ. ئاستا ۋە تېز سۈرئەتتە ئىملا تەكشۈرۈش، توغرىلاش، ئامبارغا يېڭى سۆزلۈك قوشۇش، مائۇس ئوڭ تەرىپىدىن تەۋسىيەلىك سۆز تاللاش، كونا يېزىق، يېڭى يېزىق، سىلاۋيان يېزىقلىرىنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇش، كونا خەت نۇسخىلىرىنى يۇنىكودلۇق ئۆزگەرتىش قاتارلىق ئىقتىدارلارغا ئىگە.

«ئەۋلاد ئىملا» دېتالى قىسقىچە خۇسۇسىيىتى تۆۋەندىكى رەسىمدە چۈشەندۈرۈلگەن:



تۆۋەندە «ئەۋلاد ئىملا» دېتالىنى چۈشۈرۈش ۋە قاچىلاپ ئىشلىتىش توغرىسىدا تەپسىلىي چۈشەندۈرۈش بېرىلدى:

(1) قاچىلاش

«ئەۋلاد ئىملا» دېتالى كومپيۇتېرىڭىزغا زىپ ھۆججىتى ھالىتىدە چۈشىدۇ.
زىپ ھۆججىتىنى بولاقتىن چىقىرىش ئۈچۈن مائۇسنىڭ ئوڭ كۇنۇپكىسىنى بېسىپ تىزىملىكلەردىن 

نى بېسىڭ.




دېتال كومپيۇتېرىڭىزغا چۈشكەندىن كېيىن، مائۇسنى 

نىڭ ئۈستىگە ئەكېلىپ قوش چېكىڭ.




بۇ رامكا ئېچىلغاندا بىرئاز تەخىر قىلىڭ



يېڭى ئېچىلغان رامكىدىكى Next > نى بېسىڭ.




ئىككىنچى قەدەمدە Install نى بېسىڭ.



ئۈچىنچى قەدەمدە يېڭى ئېچىلغان بەتتىن Evet نى بېسىڭ.




تۆتىنچى قەدەمدە Finish نى بېسىڭ.



ۋورد پروگراممىسنى يېڭىدىن قوزغاتقاندا ئېچىلغان رامكىدىكى 

نى بېسىڭ.




بىرئاز تەخىر قىلسىڭىز بىر ئەسكەرتىش رامكىسى ئېچىلىدۇ، تاقاش كۇنۇپكىسىنى بېسىڭ.

ناۋادا ۋوردنى قوزغاتقاندا يۇقىرىدىكى ئېكران ئاپتوماتىك كۆرۈنمىسە ۋە مەزكۇر ھۆججەتنى چۈشۈرۈشنى تەلەپ قىلمىسا، C دىسكىسىغا كىرىپ تۆۋەندىكى رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك Bilyazimla ناملىق ھۆججەتنىڭ ئۈستىگە كېلىپ ئىككى قېتىم چەكسىڭىز،




| Ad | Değiştirme tarihi | Tür | Boyut |
|---|---|---|---|
| CodeTables | 14.10.2019 17:35 | Dosya klasörü | |
| Bilyazimla | 14.10.2019 09:49 | DLL Dosyası | 208 KB |
| Bilyazimla.dll.manifest | 14.10.2019 09:49 | MANIFEST Dosyası | 32 KB |
| Bilyazimla | 14.10.2019 09:49 | VSTO Deployment... | 6 KB |
| DotNetZip | 19.02.2019 14:11 | DLL Dosyası | 448 KB |
| Microsoft.Office.Tools.Common.v4.0.Util... | 26.05.2015 14:36 | DLL Dosyası | 32 KB |
| Microsoft.Office.Tools | 12.02.2019 16:08 | DLL Dosyası | 16 KB |
| Microsoft.Office.Tools.v4.0.Framework | 26.05.2015 14:36 | DLL Dosyası | 28 KB |
| Newtonsoft.Json | 22.04.2019 01:06 | DLL Dosyası | 660 KB |
| spellcheck | 13.09.2019 12:36 | DLL Dosyası | 1.816 KB |
| System.Buffers | 19.07.2017 10:01 | DLL Dosyası | 28 KB |
| System.Memory | 06.06.2018 13:29 | DLL Dosyası | 141 KB |
| System.Runtime.CompilerServices.Unsafe | 15.05.2018 13:29 | DLL Dosyası | 22 KB |
| UserProfile | 14.10.2019 17:37 | DAT Dosyası | 1 KB |
| WeCantSpell.Hunspell | 06.09.2018 02:57 | DLL Dosyası | 160 KB |

ئېكرانغا تۆۋەندىكى رەسىمدىكىدەك بىر كۆرۈنۈش كېلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا رامكىدىكى 

نى بېسىڭ.




بۇ مۇلازىمەت تاماملانغاندىن كېيىن ۋورد دېتالىنى قوزغاتسىڭىز تۆۋەندىكىدەك ئۇچۇر تەلەپ قىلىنىدۇ.




كېيىنكى قەدەمدە ئېچىلغان رامكىدىن ئىشلەتكۈچى ئۇچۇرلىرىنى كىرگۈزۈڭ، ئۇچۇرلار تۆۋەندىكى ئۆرنەك رەسىمدىكىدەك تەلەپكە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك.




ۋورد پىروگراممىسىدا يېڭى بەت ئاچقاندىن كېيىن ئۈست تەرەپتىكى تىزىملىكلەردىن ئەۋلاد ئىملانى تاللاپ دېتالنى نورمال ئىشلەتسىڭىز بولىدۇ.




پىروگراممىنى كومپيۇتېردىن ئۆچۈرۈش

Denetim Masası ‹ دىكى Program kaldır نى بېسىڭ.




ئېچىلغان رامكىدىن ئەۋلاد ئىمزا دېتالىنىڭ ئۈستىگە كىلىپ مائۇسنىڭ ئوڭ كۇنۇپكىسىنى چېكىڭ، ئېچىلغان تىزىملىكتىن 

غا بېسىڭ.




(2) ئىشلىتىش

ئەۋلاد ئىملا تەكشۈرۈش دېتالىدا جەمئىي 6 بۆلۈم بار.

1. بۆلۈمى ئىملا تەكشۈرۈش




تاللىغاننى تەكشۈرۈش، تېكىستتىكى تاللىغان سۆز-جۈملىلەردىكى ئىملا خاتالىقى بار سۆزلەرنى سىزگە كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ھەممىنى تەكشۈرۈش، پۈتۈن تېكىستتىكى ئىملا خاتالىقى بار بولغان سۆزلەرنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئەسكەرتىش : چوڭ ھەجىملىك تېكىستلەردە پىروگرام قېتىپ قېلىشى مۇمكىن ، بۇنداق ئەھۋاللاردا سەل تەخىر قىلسىڭىز پىروگرام ئەسلىگە قايتىپ كېلىدۇ.

ئاستا تەكشۈرۈش، ئىملا خاتالىقى بار سۆزلەرنى تەرتىپ بىلەن كۆرسىتىپ بېرىدۇ.
ئىملا تەكشۈرۈش ئاياغلاشقاندا ئەسكەرتىش رامكىسى ئېچىلىدۇ، تاقاش كۇنۇپكىسىنى بېسىڭ.




2.بۆلۈمى ئىملا توغرىلاش




تاللىغاننى توغرىلاش، تېكىستتىكى تاللانغان سۆز-جۈملىلەرنىڭ ئىچىدىكى ئىملا خاتالىقى بار سۆزلەرنى توغرىلاپ بېرىدۇ.
ھەممىنى توغرىلاش، پۈتۈن ئابزاستىكى ئىملا خاتالىقى بار بولغان سۆزلەرنى توغرىلاپ بېرىدۇ.
ئاپتوماتىك توغرىلاش، سىز ھېچقانداق ئىجرا بەرمەي تۇرۇپ سۆزلەر ئاپتوماتىك توغرىلىنىدۇ.
بەلگىلەرنى قالدۇرۇش، ئىملا خاتالىقى بار سۆزلەرنىڭ ئاستىدىكى قىزىل رەڭلىك سىزىقلار يوقايدۇ.

سۆزلەر توغرىلانغاندا سىزگە تەۋسىيەلىك سۆزلەر كۆرسىتىلىپ بېرىلىدۇ. تەۋسىيە قىلىنغان سۆزلەردىن توغرا دەپ قارىغان سۆزنى تاللاپ توغرىلاش كۇنۇپكىسىغا باسسىڭىز بۇرۇنقى سۆزنىڭ ئورنىغا يېڭى تاللانغان سۆز ئالمىشىدۇ. ئەگەر سۆزدە ھېچقانداق ئىملا خاتالىقى بولمىسا ئاتلاش كۇنۇپكىسىنى باسسىڭىز كېيىنكى سۆزگە ئاتلايدۇ. ئىملاسى توغرىلانغان سۆزلەرنى لۇغەتكە قوشۇش كۇنۇپكىسىنى بېسىش ئارقىلىق سۆزلۈك ئامبىرىغا قوشقىلى بولىدۇ. تاقاش كۇنۇپكىسى رامكىلارنى ئۆچۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.



3.بۆلۈم يېزىق ئۆزگەرتىش




لاتىن يېزىقىغا، كونا يېزىقنى لاتىن يېزىقىغا ئايلاندۇرىدۇ.
كونا يېزىققا، لاتىن يېزىقنى كونا يېزىققا ئايلاندۇرىدۇ.
سلاۋيان يېزىقىغا، كونا يېزىقنى سلاۋيان يېزىقىغا ئايلاندۇرىدۇ.
كونا يېزىققا، سلاۋيان يېزىقنى كونا يېزىققا ئايلاندۇرىدۇ.

4.بۆلۈم يۇنىكودقا ئۆزگەرتىش




ئەلكاتىپ يۇنىكود، ئەلكاتىپتىن يۇنىكودقا ئۆزگەرتىدۇ.
ئەلپىدا يۇنىكود، ئەلپىدادىن يۇنىكودقا ئۆزگەرتىدۇ.
دۇلدۇل يۇنىكود، دۇلدۇلدىن يۇنىكودقا ئۆزگەرتىدۇ.
بىلگىيار يۇنىكود، بىلگىياردىن ر يۇنىكودقا ئۆزگەرتىدۇ.
ئەسكەرتىش : ئەگەر سىزنىڭ يېزىقىڭىز يۇقىرىدىكى ھەرقانداق بىر يېزىق كودلاش ئۇسۇلىغا تەۋە ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرەلمىسىڭىز يۇنىكود قىسمىنى ئىشلەتمەسلىكىڭىزنى تەۋسىيە قىلىمەن.

5.بۆلۈم لۇغەت باشقۇرۇش




ئامبار يېڭىلاش، لۇغەتنىڭ يېڭى نەشرى چۈشۈرۈلىدۇ، كۆرسىتىلگەن تەلىماتلارغا ئاساسەن مەشغۇلات قىلىسىڭىز بولىدۇ .

تورغا يوللاش، يوللانغان سۆزلەر ساندانغا ساقلىنىدۇ.

6.بۆلۈم تەكشۈرگۈچ ھەققىدە




ئىملاچى ھەققىدە، «ئەۋلاد ئىملا» ھەققىدە قىسقا مەلۇماتلار بار.

خاتالىق مەلۇماتى، «ئەۋلاد ئىملا»غا ئائىت بايقالغان خاتالىقلار رامكىدىكى دوكلات تېمىسى ۋە دوكلات تەپسىلاتى توشقۇزۇلۇپ ئىشلەتكۈچىلەر تەرىپىدىن يوللىنىدۇ.



بۇ خىل ئەسەرلەرنىڭ كۆپلەپ ۋۇجۇدقا چىقىشى ئۈچۈن «ئەۋلاد گۇرۇپپىسى»نى ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن قوللاپ تۇرغايسىز.
بانكا ھېسابات نومۇرى:

FARABİ EĞİTİM KÜLTÜR VE ARAŞTIRMA DERNEĞİ
Kuveyt Türk bankası
IBAN: TR760020500001005257700001

چۈشۈرۈش ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئادرېسنى چېكىپ ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتىگە كىرسىڭىز ئەزالىق تەلەپ قىلىدۇ. «ئەزا بولۇش» دېگەن كۇنۇپكىنى چېكىپ، ئەزا بولۇپ كىرسىڭىز «ئەۋلاد ئىملا»نى چۈشۈرۈش كۇنۇپكىسى كۆرۈنىدۇ.
http://www.uyghurkitap.com/book.php...

كومپيۇتېرغا چۈشۈرۈپ قاچىلىغاندىن كېيىن ئۆزلۈكىدىن ۋورد ھۆججىتىنىڭ ئۈستۈنكى تىزىملىكلەر قاتارىدا «ئەۋلاد ئىملا» دەپ كۆرۈنىدۇ.

ھۆرمەت بىلەن ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
ئالاقىلىشىش خەت ساندۇق ئادرېسى:

**www.ewlat.net**
**ewlatnet@gmail.com**